# مىسىر مۇپتىسى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ
# ھاياتى ۋە تەسىرى

www·islamyolinet

مەلۇمكى جەدىدىزملىق ھەرىكىتىگە ياكى يېڭى زامان مىسىر ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئاساس سالغۇچى، ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ يېڭىدىن جانلىنىش ۋە شەكىللىنىشىگە تەڭداشسىز ھەسسە قوشقان كىشى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھتۇر.

يېڭى زامان ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم تىمساللىرىدىن بىرى دەپ قارالغان مۇھەممەد ئابدۇھ 1905 – يىلى ۋاپات بولغاندا، ئىنتايىن قىممەتلىك كىتابلىرى بىلەن بىرگە، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلىرىنى مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. مۇھەممەد ئابدۇھ ۋاپاتىدىن بۇيان كۆپلىگەن ئالىملار تەرىپىدىن «ئۇستاز ۋە ئىمام» دەپ يادلىنىپ، خاتىرىلىنىپ كېلىنسە، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى مۇللىچاقلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ بەزى پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرى خاتا ئىزاھلىنىپ، بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراپ كەلمەكتە.

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ھاياتىنى توغرا ئىزاھلايدىغان ۋە توغرا چۈشەندۈرىدىغان كىتاب ئۇنىڭ ئىلمي ۋارىسى مۇھەممەد رەشىد رىزا تەرىپىدىن مۇھەممەد ئابدۇھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ۋە نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ، تەتقىق قىلىپ يازغان 3 توملۇق «تارىخى ئۇستاز ئەل ئىمام» ناملىق مەشھۇر ئەسەر بىلەن، مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان بىر بۆلۈك ئەسەرلەر مەۋجۇتتۇر.

مۇھەممەد ئابدۇھ مىسىرلىق بىر دېھقانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇھەيرا شەھرىنىڭ ناسىر مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى باي ۋە ھاللىق كىشى بولسىمۇ، پىداكارلىقنى يوقاتمىغان، ئادالەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ھەر نەرسىنى پىدا قىلالايدىغان، ھەققەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئانىسى بولسا، ئىپپەتلىك، تەقۋادار ۋە ھۆرمەتلىك ئايال ئىدى.

مۇھەممەد ئابدۇھ ئالدى بىلەن تەنتادىكى ئەھمەدى مەسجىدىدە تەھسىل كۆرىدۇ، ئەمما بۇيەردىكى تەلىم – تەربىيەدىن ئۇ ئانچە رازى بولمايدۇ. ئەگەر تاغىسى شەيخ دەرۋىش ئۇنى قانائەتلەندۈرمىگەن بولسا، ئۇ مەكتەپنى تاشلاپ كېتىپ قالاتتى. شەيخ دەرۋىش جىيەنىدە ئىلىم ۋەتەپەككۇرغا قىزىقىش روھى ئۇيغاتقان ئىدى. مۇھەممەد ئابدۇھ، «مېنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىلىم دەرۋازىسىنى ئاچقان شەيخ دەرۋىشتىن باشقا ماڭا يول كۆرسەتكۈچى يوقتۇر»، «سۆزلەنگەن دەرسلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەي تەكرارلاۋاتقان ۋاقتىمدا شەيخ دەرۋىش زېھنىمنى ئاچتى ۋە ھەقىقى دىنغا قايتىشىمغا سەۋەبچى بولدى» دەپ يازىدۇ.

شەيخ دەرۋىش مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ مەنىۋى رەھبرى بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقە 1866 – يىلى ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەركىزى بولغان ئەزھەر ئالى بىلىم دەرگاھىغا كىلىپ ئوقۇشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھ ئەينى زاماندىكى ئەزھەرنىڭ دەرس پروگراممىلىرىدىن ئانچە رازى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتدا ئەزھەردە دەرس پروگراممىسى كونا ئۇسۇلدا ئىلىپ بېرىلاتتى. مۇھەممەد ئابدۇھ ئەزھەردە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، زاھىتلىققا مايىل بولۇپ، جەمئىيەتتىن كۆڭلى سوۇغۇپ، دەرۋىشلەرچە ھايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. يەنە شەيخ دەرۋىشنىڭ نەسىھەتى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ روھى چۈشكۈنلۈكتىن خالاس بولۇشىغا سەۋەب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئابدۇھ شەرق مىللەتلىرىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ئەركىنلىكىنىڭ ھامىسى جامالىددىن ئافغانىينىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

جامالىددىن ئافغانى مىسىرغا كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئابدۇھ نۇرغۇنلىغان تالىپلار بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. ئافغانىينىڭ مەنىۋى مۇرشىدلىقى، مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ زاھىتلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاكتىپ ئىنسان بولۇش يولىغا قەدەم قويىشىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە ئەزھەرنىڭ دەرس پروگراممىلىرىدا بولمىغان پەلسەپە، ماتىماتىكا، ئەخلاق ۋە سىياسەت ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كلاسسىك ئەسەرلەرنى يېڭى ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىشقا، غەرب تىللىرىدا يېزىلغان

ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئافغانىي سەۋەبچى بولىدۇ. ئافغانىي مۇھەممەد ئابدۇھتا مىللىي تۇيغۇ، ئەركىنلىك پىكرى تۇغۇلۇشىغا يول ئاچقان ئىدى. مۇھەممەد ئابدۇھ شەرق ۋە غەربنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، شەرقنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ تامامەن ئۆزگەرتىلىشى لازىم، دېگەن قاراشقا كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھقا 1877 – يىلى «ئالىم» يەنى دىنى مەسىلىلەردە بىلىم ئىگىسى ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ ھەممە ساھەسىدە يېتەكچىلىك ۋە ئۇستازلىق قىلىش سالاھىيىتى بېرىلگەن «ئەل ئالىمىيە» شاھادەتنامىسى بېرىلىدۇ. مۇھەممەد ئابدۇھ ئالدى بىلەن خۇسۇسىي دەرس بەرسە، كېيىن ئەزھەردە دىن، لوگىكا ۋە ئەخلاق دەرسلىرىنى بېرىدۇ. بۇ دەرسلەر كۆپلىگەن تالىپلارنىڭ مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىقا سەۋەب بولغان ئالاھىدە ئۇسۇلغا ئىگە ئىدى. مۇھەممەد ئابدۇھ نۇرغۇنلىغان تالىپلارغا دەرس بېرىدىغان ئۇستاز بولسىمۇ، يەنە داۋاملىق كىتاب ئوقۇپ، بىلىم دائىرىسىنى بېيىتىپ ماڭاتتى. ئەزھەردىكى دەرسلىرىنىڭ سىرتىدا دارۇل ئۇلۇم پاكولتىتىدا تارىخ ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرى بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھ ئافغانىينىڭ مەسلىھەتى بىلەن ژۇرنالىستلىققا كىرىشكەن ئىدى. ئەرەب مەتبۇئاتىنىڭ مەركىزى ۋە ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان يېرى مىسىردۇر. مۇھەممەد ئابدۇھقا خىدېۋ تەۋپىق ھاكىمىيىتىنىڭ تۇنجى يىللىرىدا رەسمىي گېزىتىنىڭ مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەد ئابدۇھ باش مۇھەررىر بولغان بۇ نەشرىيات مۇنبىرى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ غەيرىتى بىلەن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان دىنىدا (ئەسلى دىندىن بولمىغان كېيىن دىنغا ئارىلىشىپ قالغان مەسىلىلەردە) ۋە ئەخلاقتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەشەببۇسى بۇ گېزىت ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

1879 – 1882 – يىللاردىكى مىسىردا يۈزبەرگەن بىر بۆلۈك سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، مۇھەممەد ئابدۇھقا «ئىسيانچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۈچ يىللىق سۈرگۈن جازاسى بېرىلىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئابدۇھ مىسىر خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ۋە

مۇستەقىللىقا ئېرىشىشى ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن كۈرەش قىلغان ئىسيانچى ھۆكۈمەتنىڭ باش سۆزچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىدى.

مۇھەممەد ئابدۇھ سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سۈرىيەگە باردۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەن مەنئۇى داھىسى ئافغانى ئۇنى پارىژغا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارىژغا —— ئافغانىينىڭ يېنىغا باردۇ. مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە جامالىددىن ئافغانىي پارىژدا بىر جەمئىيەت قۇرۇپ، «ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا» (مەھكەم تۇتقا) ناملىق ژۇرنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. مەزكۇر ژۇرنال ئەجنەبى ھاكىمىيەتكە ۋە زالىم كۈچلەرگە قارشى شەرق خەلقلىرىنىڭ داۋاسىنى قىلىدىغان، بولۇپمۇ مىسىرنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان ئىنگىلىسلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ۋە ئىسلامچىلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەپتىلىك سىياسىي ژۇرنال ئىدى.

مەزكۇر ژۇرنال ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى بىلىپ، تەشۋىق قىلماقچى بولغان پىكىر - كۆز قاراشلارنى ئەدەبىي تىل ۋە بارلىق كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان تۇنجى ئەرەب نەشرى ئەپكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياۋرۇپادا داڭق چىقارغان ئىدى. مۇھەممەد ئابدۇھ 1884 – يىلى ژۇرنالغا ۋاكالىتەن ئەنگلىيەگە باردۇ. ئۇنىڭ ئەنگلىيىلىك دوستى ۋىلفرىد بلونت ئىنگىلىس مەتبۇئاتىدا مىسىر مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ ۋە بىر بۆلۈك ئىنگىلىس سىياسەتچىلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. كېيىن، مۇھەممەد ئابدۇھ ژۇرنالنى توختاتماي نەشىر قىلىش ئۈچۈن پارىژغا قايتىدۇ. ئەمما ئىنگىلىس سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى بىلەن ژۇرنالنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تارقىلىشى چەكلىنىدۇ ۋە ژۇرنال نەشرىدىن توختايدۇ. قىسقا مۇددەت نەشىر قىلىنغان بۇ ژۇرنال ئىسلامچىلىق ۋە مىللەتچىلىكنىڭ تارقىلىشىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغايدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھ 1885 - يىلى بەيرۇتقا قايتىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. بەيرۇتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان سۇلتانىيە مەدرىسىسىدە بەرگەن دەرسلىرى ئاساسىدا «تەۋھىد رىسالىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ مەدرىسىدە دەرس بەرگەننىڭ سىرتىدا بەزى كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، مۇسۇلمان، خرىستىئان ۋە يەھۇدىلارنى

كېلىشتۈرۈش مەقسىتىدە بىر جەمئىيەت قۇرىدۇ. بۇ جەمئىيەت سىياسىي تەقىپكە ئۇچراپ، مۇھەممەد ئابدۇھ 1888 – يىلى مىسىرغا قايتىپ كېلىدۇ. مىسىرغا كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن سوت مەھكىمىسىگە سوتچى، كېيىن تەپتىش مەھكىمىسىگە قانۇن مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. بۇ مەھكىمىدە ئادىل ۋە تەرەپسىز قانۇنشۇناسلىقى بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. مۇھەممەد ئابدۇھ پۈتۈن ۋاقتىنى ئىلمىي ئاقارتىش، ئەخلاق، تەلىم – تەربىيە، كونا جەمئىيەتنىڭ زاماننىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ھالغا كېلىشى ئۈچۈن مىسىر خەلقىنى ئويغىتىشقا قارىتىدۇ. ئەزھەرنىڭ ئىدارە ھەيئىتىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىسلام ئىلىم دەرگاھىنىڭ ماددىي، مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ھارماي – تالماي ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلغان ھۆررىيەتپەرۋەرلىك چۈشەنچىسى دەرھال تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەزھەردە ئىلگىرى ئوقۇتۇلمىغان تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت تارىخى، ماتىماتىكا، پەلسەپە قاتارلىق دىنىي بولمىغان دەرسلەر ئەزھەرنىڭ دەرس پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھ 1899 – يىلى مىسىرنىڭ باش مۇپتىسى بولغاندىن كېيىن، بۇ ماقامغا بۇندىن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىززەت – ئىكرام ئېلىپ كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھ مىسىر مۇپتىسى بولۇش جەريانىدا جەددىدىزملىق جەھەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، قۇرئان كەرىمنى يېڭى ئۇسۇل بىلەن تەپسىر قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن دەرسلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتى مۇھەممەد رەشىد رىزا «ئەل مانار» تەپسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ تەپسىرنىڭ 12 پارىسى 12 جىلد بولۇپ نەشر قىلىنىدۇ، تاماملاشقا مۇھەممەد رەشىد رىزانىڭ ئۆمرى يېتىشمەيدۇ. مۇھەممەد ئابدۇھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر بۆلۈك پەتىۋالار ئەينى زاماندىكى مىسىر ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا بەس – مۇنازىرە ۋە تالاش – تارتىش پەيدا قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھ پېقىر – مىسكىنلەرگە ماددىي، مەنىۋى ياردەم قىلىش، تەلىم – تەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتى بىلەن

«مۇسۇلمان ساخاۋەتچىلەر جەمئىيىتى»نى قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ ۋە ئۇجەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇش بىلەن بىرگە كلاسسىك، نادىر ئەسەرلەرنى نەشىر قىلىدىغان «ئەرەبچە ئەسەرلەرنى جانلاندۇرۇش جەمئىيىتى»نى قۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرئەت مەھكىمىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ ۋە شەرئەت ھاكىملىرى مەكتىۋى قۇرۇش پىكرى مۇھەممەد ئابدۇھ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ.

1902 – يىلى فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گابرېئىل ھاناتونىڭ «مۇسۇلمان مەسىلىسىگە تاقابىل تۇرۇش» ناملىق ماقالىسى نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئابدۇھ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. فرانسىيەدە ئىسلام ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى فرانسىيە تارىخچىلىرىغا ئىسپاتلىغان. «ئەل جامئە» ژۇرنىلىدا بىر خرىستىئان يازغۇچىسىنىڭ ئىبنى رۇشدى ھەققىدە يازغان بىر ماقالىسىگە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ رەددىيە بېرىپ يازغان ماقالىلىرى ئالدى بىلەن «مانار» ژۇرنىلىدا ئارقا – ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، كېيىن «ئىسلام ۋە خرىستىئانلىق» دېگەن ئىسىم بىلەن كىتابلاشتۇرۇلغان.

مۇھەممەد ئابدۇھ تەۋەرنمەس ئېتىقادلىق، زەكاۋەتلىك، جاسارەتلىك كىشى ئىدى. ياۋروپالىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، شەرق ۋە غەربلىك مۇتەپەككۇر ئالىملار بىلەن دوس بولۇشۇپ، ئالاقىلىشىپ، خەت يېزىشقان. سادداقەت، جاسارەت، مەرتلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

كىچىك ۋاقتىدا ئالغان تەلىم – تەربىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مىڭىسىگە سىڭىپ كەتكەن رۇھانىيەتچىلىك (مىستىك چۈشەنچە) ئۇنىڭ ھەرىكەت ۋە دۇنيا قارىشىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى. رۇھى جەھەتتىن تامامەن مىستىك بولۇش بىلەن بىرگە جامالىددىن ئافغانىينىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن ئىنقىلابىي رۇھنىڭ تەكپۇگلۇقىنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

مۇھەممەد ئابدۇھ 1905 – يىلى 7 – ئاينىڭ 11 – كۈنى قىلماقچى بولغان پىلان – لايىھە ۋە ئارزۇ ئۈمىدلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالماستىن، بۇ پانى دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ جىنازىسى مىسىر خەلقى ۋە مىسىر ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۈيۈك قايغۇ ۋە ھەسرەت بىلەن قاھىرىدىكى ئەفىفى قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

مەرھۇمنىڭ قەۋرە تېشىغا بىر ئەرەب شائىرىنىڭ:

ھۆرمەت ئۈچۈن بىر قەۋرە ياسىدۇق،

دىن ۋە دۇنيانى بىرگە كۆمدۇك، دېگەن شېئىرى نەقىش قىلىپ ئويۇلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەسىرى:

1935 – يىلى 7 – ئايدا قاھىرىدىكى «مۇسۇلمان ياشلار جەمئىيىتى» «ئۇستاز ۋە ئىمام» مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ۋاپاتىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرە يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. مەزكۇر يىغىندا ھەربىرى ئۇستازلىق دەرىجىسىدىكى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئوقۇغۇچى ۋە تالىپلىرىنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ پىكىرلىرىنىڭ قانچىلىك تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئابدۇھ مىسىردا ئىلىم، دىن ۋە مىللەتچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، مىسىرلىق زىيالىلارنىڭ غايە ۋە ئىلھام مەنبىئى بولغان ئىدى. 1900 – يىللاردا تىگىرقاپ، بىر يول كۆرسەتكۈچىگە مۇھتاج بولۇپ قالغان بىر بۆلۈك ياشلار مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ كىتابلىرىغا مەپتۇن بولۇشقان ئىدى. مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى.

مۇھەممەد رەشىد رىزا مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ دىنى تەلىماتلىرىنى ئىزاھلىغۇچى ۋە ئۇنىڭ پىكىر، كۆز قاراشلىرىنى تارقاتقۇچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تالىپلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ئۇستازىنىڭ خاتىرىسىنى جانلىق تۇتۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ.

مۇستاپا ئابدۇررازىق فرانسىيەدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئابدۇھ ھەققىدە ئەسەر يېزىپ، ئۇنىڭ «تەۋھىد رىسالىسى» ناملىق كىتابىنى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇپ، ئىسلاھاتچى مۇھەممەد ئابدۇھ تەرىپىدىن يىقىلغان مەشئەلنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن كۆپ خىزمەت قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇستىدىكى تەتقىقات بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ساھەدە دوكتور مۇھەممەد ئەمارە تەرىپىدىن مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى توپلىنىپ «مۇھەممەد ئابدۇھ ئەسەرلىرى»نىڭ بارلىققا كېلىشى مۇھىم ئىلمىي ئەمگەك ھېساپلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كۆرسەتكەن تەسىرى:

مۇھەممەد ئابدۇھ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئۆچمەس تەسىر كۆرسەتكىنىدەك، ئۇيغۇر خەلقىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

20 – ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇلقادىر داموللام تۈركىيە، مىسىرلارنى زىيارەت قىلىپ، يېڭى مائارىپ ئۇسۇلى ۋە جەدىدىزملىق ھەرىكىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇسۇل – قائىدىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، كاشغەردە ئۆزىنىڭ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى باشلىۋىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، 1931 – يىلى ئاتاقلىق دىنى ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب سابىت داموللام مىسىرغا بېرىپ، مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئىلمىي ۋارىسى مۇھەممەد رەشىد رىزا بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، پىكىر ئالماشتۇرغانلىقىنى ۋە مىسىر ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن تەسىرلەنگەنلىكىنى ئۆزىنىڭ «ئاقائىدى جەۋھەرىيە» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە يازىدۇ.

سابىت داموللام مىسىردىن قايتىشىدا، مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئەزھەردە سۆزلىگەن دەرسلىرىگە ئاساسەن مۇھەممەد رەشىد رىزا تەرىپىدىن يېزىلىپ تېخى تاماملانمىغان «ئەل مانار» تەپسىرىدىن بىر يۈرۈش ئېلىپ (جەمئى 12 توم)، مەخسۇس مۇقاۋا قىلدۇرۇپ، مۇقاۋا ئۈستىگە «سابىت» دېگەن ئىسمىنى ئالتۇن ھەل بىلەن يازدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. مەزكۇر تەپسىر سابىت داموللامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن چېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، 8 – جىلد خوتەنگە كېلىپ مەرھۇم دىنىي ئالىم مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇمنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىكەن. بۇ بىر جىلد تەپسىر 80 – يىللارنىڭ ئالدى – كەينىدە خوتەندىكى ئۆلىمالار ئىچىدە قولدىن – قولغا ئۆتۈپ، تېگىشمەي ئوقۇلۇپ يۈرەتتى. جۈملىدىن مۇھەممەد رەشىد رىزانىڭ «ۋەھيي مۇھەممەدىي» ناملىق كىتابى خوتەندە مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان دامۇللام تەرىپىدىن تالىپلارغا دەرس قىلىپ ئوقۇتۇلغان. ئۇيىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا، جامالىددىن ئافغانىي، مۇھەممەد ئابدۇھ، مۇھەممەد رەشىد رىزا قاتارلىق ئالىملارنىڭ

كىتابلىرى ئاز تېپىلاتتى. بار بولغانلىرى سۈيۈپ ئوقۇلاتتى ۋە ئاسراپ ساقلىناتتى.

30 – ۋە 40 – يىللاردا ئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان ئابدۇل ئەزىز چىنگىزخان قاتارلىق ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەرنىڭمۇ جامالىددىن ئافغانىي، مۇھەممەد ئابدۇھ، رەشىد رىزانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىمۇ ھېچقانداق شۈبھە يوق. بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەرمۇ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيمىز ۋە ئىنتايىن قەدىرلەيمىز.

ھاجى ئابدۇلجېلىل